# ماڭا تازىلىق ئۈچۈن تاش ئىزدىگىن، سۆڭەك ۋە تېزەك ئەكەلمىگىن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرەت ئېلىشى ۋە تازىلىقى ئۈچۈن بىر كىچىك تېرە قاچىدا سۇ كۆتۈرۈپ بىللە باراتتى، بىر كۈنى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ماڭغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم بۇ؟» دېدى، مەن: «مەن ئەبۇ ھۈرەيرە» دېدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«ماڭا تازىلىق ئۈچۈن تاش ئىزدىگىن، سۆڭەك ۋە تېزەك ئەكەلمىگىن» دېدى، مەن كىيىمىمنىڭ پېشىگە تاش ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قويۇپ قايتتىم، رەسۇلۇللا ئىشىنى تۈگەتكەندە ماڭغاچ: «تېزەك بىلەن سۆڭەكتە نېمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟» دەپ سورىدۇم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىككىسى جىنلارنىڭ يېمەكلىكى، نەسىيبىن شەھىرىدىكى جىنلارنىڭ ئەلچىلىرى مېنىڭ يېنىمغا كەلگەن، ئۇلار نېمە دېگەن ياخشى جىنلار!، ئۇلار مەندىن ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلدى، مەن ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھدىن: ئۇلار بىرەر سۆڭەك ۋە تېزەك تاپسا شۇنى يېمەكلىك قىلىپ بېرىشىنى سورىدىم» دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تازىلىق قىلىشى ۋە تەرەت ئېلىشى ئۈچۈن تېرە قاچىدا سۇ كۆتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە باراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىستىنجا قىلىش ئۈچۈن تاش تېپىپ كېلىشكە، سۆڭەك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تېزەكلىرىنى ئەكەلمەسلىككە بۇيرىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە كىيىمىنىڭ پېشىگە تاش تېپىپ ئېلىپ كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قويۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قايتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجىتىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن: سۆڭەك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ تېزەكلىرىدە تازىلىق قىلماسلىقنىڭ سەۋەبىنى سورىدى؟، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بۇ ئىككىسى جىنلارنىڭ يېمەكلىكى ئىكەنلىكىنى، ئىراق بىلەن شام ئارىسىدىكى نەسىيبىن شەھىرىدىكى جىنلارنىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەنلىكىنى، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن يېمەكلىك سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھدىن: ئۇلار بىرەر سۆڭەك ۋە تېزەك تاپسا شۇنى يېمەكلىك قىلىپ بېرىشىنى سورىغانلىقىنى ئۇ جىنلارنى ماختاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن. سەھىھ مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە مۇتلەق سۆڭەك دېيىلمەستىن: «ئاللاھنىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنغان ھەر قانداق سۆڭەك سىلەرنىڭ قولۇڭلارغا يەتسە، ئۇ گۆشى بار ۋاقتىدىكىدىنمۇ گۆشلۈك بولىدۇ، ھەر قانداق تېزەك ئۇلاغلىرىڭلارنىڭ يېمەكلىكى بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنغان